مىللىيلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھانى (3 - دەرىجە)
ئۆچۈن قىسقا مۇددەتلىك مۇستەھكەملەش دەرسلىكى



# MHK
# 民族汉考
## （三级）
# 短期强化教程

### 书面表达分册
### يازمىچە ئىپادىلەش قىسمى


吕滇雯　编著

تەرجىمانى: خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم



北京语言大学出版社
BEIJING LANGUAGE AND CULTURE UNIVERSITY PRESS

مىللىيلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھانى (3 - دەرىجە)
ئۆچۆن قىسقا مۇددەتلىك مۇستەھكەملەش دەرسلىكى

# 民族汉考(三级)短期强化教程

## 书面表达分册

## يازمىچە ئىپادىلەش قىسمى

吕滇雯 编著

تەرجىمانى: خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم

北京语言大学出版社
BEIJING LANGUAGE AND CULTURE UNIVERSITY PRESS

（京）新登字 157 号

**图书在版编目（CIP）数据**

MHK 民族汉考（三级）短期强化教程·书面表达分册/吕滇雯编著；哈力克·尼亚孜，木哈白提·哈斯木译．
—北京：北京语言大学出版社，2004
ISBN 7-5619-1307-9

Ⅰ.M…
Ⅱ.①吕…②木…③哈…
Ⅲ.汉语—写作—少数民族教育—水平考试—自学参考资料
Ⅳ.H19

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 125223 号

书　　名：MHK 民族汉考（三级）短期强化教程·书面表达分册
责任印制：乔学军

出版发行：北京语言大学出版社
社　　址：北京市海淀区学院路 15 号　邮政编码 100083
网　　址：www.blcup.com
电　　话：发行部　82303650 /3591 /3651
编辑部　82303390
读者服务部　82303653 /3908
印　　刷：北京外文印刷厂
经　　销：全国新华书店

版　　次：2006 年 6 月第 1 版　2006 年 6 月第 1 次印刷
开　　本：787 毫米×1092 毫米　1 /16　印张：9.75
字　　数：235 千字　印数：1—5000 册
书　　号：ISBN 7-5619-1307-9 / H·04084
定　　价：14.00 元

**凡有印装质量问题本社负责调换，电话：82303590**

# نەشرىياتتىن

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى دەرىجىسىنى بېكىتىش ئىمتىھانى (MHK) خەنزۇ تىلىنى ئانا تىل قىلمايدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىدىن خەنزۇ تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى سىنايدىغان ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن دۆلەت دەرىجىلىك مەخسۇس ئىمتىھان. بۇ ئىمتىھان مائارىپ مىنىستىرلىقى مىللىي مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھان مەركىزى تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىدۇ. مىللىيلاردىن ئېلىنىدىغان خەنزۇچە ئىمتىھان ئەمدى يولغا قويۇلغىلى تۇرغاچقا، ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل يېڭى ئىمتىھان شەكلىگە ئانچە تونۇش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەقتىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كەمچىل، ئىمتىھان ئالدىدا ئېچىلغان كونسۇلتاتسىيە كۇرسلىرىنىڭ بىرەر دەرسلىكنى تېپىشىمۇ تەس. بۇ ئەھۋاللار ئەمەلىيەتتە ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە بەلگىلىك قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

يوقىرىقى ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، بىز بۇ بىر يۈرۈش «مىللىيلارنىڭ خەنزۇتىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھانى (3 ـ دەرىجە) ئۇچۇن قىسقا مۇددەتلىك مۇستەھكەملەش دەرسلىكى »نى تۈزۈشنى تەشكىللىدۇق. بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى مىللىيلارغا قارىتىلغان خەنزۇچە ئىمتىھان (3 ـ دەرىجە) غا قاتنىشىش ئالدىدا تۇرغانلارغا ئاچقان كۇرسلاردا دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۆزى ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ئۈمىدىمىز : ئىمتىھان ئالدىدا بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە، قاراتمىلىقى ئېنىق بولغان مۇستەھكەملەش مەشقلىرى ئارقىلىق، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئىمتىھان سوئال شەكىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن، ئىمتىھاندىكى مۇھىم نۇقتىلار ۋە قىيىن نۇقتىلاردىن خەۋەردار قىلىش، ئۇلارغا ئىمتىھانغا مۇناسىۋەتلىك ماھارەت ۋە تاكتىكىلارنى ئىگىلىتىش، ئىمتىھانغا چېتىلىدىغان تىل بىلىملىرىنى تۈرلەرگە ئايرىپ، ئۇلارنى سىستېمىلىقراق قىلىپ رەتلەپ چىقىپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى بۇ خىل ئىمتىھاننىڭ قانۇنىيىتى ھەققىدە ئامالنىڭ بېرىچە ئەتراپلىق، ئېنىق تونۇشقا ئىگە قىلىش ۋە ئۇنى ئىگىلىتىش.

بۇ بىر يۈرۈش كىتاب ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ : ئوقۇش قىسمى، ئاڭلاش قىسمى ۋە يازمىچە ئىپادىلەش قىسمى. كىتابنى تۈزگۈچىلەر خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى ۋە ئىمتىھانى

بويىچە مول تەجرىبىگە ئىگە سالاھىيەتلىك خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى. مەسىلەن، لى مىڭچى مۇئەللىمنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن خەنزۇ تىلى ئاڭلاش دەرسلىكى (شىنجاڭغا قارىتىلغان «دەسلەپكى دەرىجىدىكى خەنزۇ تىلى ئاڭلاش»، «ئوتتۇرا دەرىجىدىكى خەنزۇ تىلى ئاڭلاش »، «يۇقىرى دەرىجىدىكى خەنزۇ تىلى ئاڭلاش » دېگەن يۈرۈشلەشكەن دەرسلىك) شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئەڭ كۆپ قوللىنىۋاتقان ئاڭلاش دەرسلىكىنىڭ بىرى؛ لۇ جاڭ مۇئەللىم تۈزگەن «مىللىيلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھانى (3 - دەرىجە)غا تەقلىد قىلىنغان ئىمتىھان سوئاللىرى» قاتارلىقلار مىللىيلاردىن ئېلىنىدىغان خەنزۇچە ئىمتىھان ئۈچۈن ئەڭ بالدۇر تۈزۈلگەن ئەڭ مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى.

ئىشلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ: بۇ بىر يۈرۈش كىتاب ئىمتىھان ئالدىدا تۆت ھەپتىدىن ئالتە ھەپتىگىچە ئېچىلىدىغان كۇرسلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئاڭلاش دەرسى ھەپتىسىگە تۆت سائەتتىن، ئوقۇش دەرسى ھەپتىسىگە تۆت سائەتتىن ئالتە سائەتكىچە، يازمىچە ئىپادىلەش دەرسى ھەپتىسىگە ئىككى سائەتتىن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئاخىرىدا، بىز ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، شۇنىڭدەك كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابتىكى يېتىشسىزلىكلەر توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىر بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# تۈزگۈچىدىن

1. بۇ كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈلۈشى

بۇ كىتاب «مىللىيلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھانى (3 - دەرىجە) قىسقا مۇددەتلىك مۇستەھكەملەش كۇرسى»نىڭ يازمىچە ئىپادىلەش قىسمى بولۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : بىرىنچىسى، سوئال تىپلىرى ( ئوبيېكتىپ تاللاش سوئاللىرى ۋە سۇبيېكتىپ ئىپادىلەش سوئاللىرى)نى تونۇشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوئالغا جاۋاب بېرىشتىكى بەزى ماھارەتلەر يەكۈنلىنىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئىمتىھان تەييارلىقىغا زۆرۈر بولغان تىل بىلىملىرى خۇلاسىلىنىدۇ ۋە خەنزۇ تىلىدا ماقالە يېزىشتا زۆرۈر بولغان ژانىر ھەققىدىكى بىلىملەر ۋە يېزىش ئۇسۇللىرى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، دائىم كۆرۈلىدىغان ماقالە تېمىلىرى ۋە دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى بىلەن ئابزاسلار كۆرسىتىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرخىل ژانىردىكى ماقالىلەرنى يېزىشى ئۈچۈن ئىنچىكە، ئۈنۈملۈك يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ ۋە مەشىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ كىتاب بەش بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، 29 دەرستىن تەركىب تاپتى.

بىرىنچى بۆلەكتە يەتتە دەرس بار بولۇپ، ئاساسەن ئوبيېكتىپ تاللاش سوئال قىسمىغا يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ. 1 - دەرستە، ئىمتىھان سوئالىدىكى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئوبيېكتىپ تاللاش سوئاللىرىنىڭ سوئال شەكلى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلدى. 2 - دەرستىن 6 - دەرسكىچە بۇ خىلدىكى ئىمتىھان سوئالىدا تەكشۈرۈلىدىغان ئاساسىي تىل بىلىملىرى خۇلاسىلەندى. 7 - دەرستە، خەنزۇ تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. يۇقىرىقى مەزمۇنلار يېزىقچىلىق ئوقۇتۇشى ئۈچۈن تەييارلىق بولىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەكتە تۆت دەرس بار بولۇپ، ئاساسەن خەنزۇ تىلى يېزىقچىلىقىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان تۆت خىل ژانىرنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ژانىر ئالاھىدىلىكى ۋە يېزىش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلدى. بۇ تۆت خىل ژانىر بايانىي ماقالىسى، چۈشەندۈرۈش ماقالىسى، مۇھاكىمە ماقالىسى ۋە خەت - چەك بولۇپ، ھەربىر خىل ژانىر ئۈچۈن خېلى كۆپ مىقداردا ئۆرنەك ماقالىلەر كىرگۈزۈلدى.

ئۈچىنچى بۆلەكتە بەش دەرس بار بولۇپ، ئاساسەن ھەرخىل ژانىردا دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى ۋە ئابزاسلار كۆرسىتىلدى. بۇلار ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقىي تۈردە پايدىلانغىلى بولىدىغان، تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان تىل ماتېرىيالى بىلەن

تەمىنلەيدۇ. 16 ـ دەرستە تەسۋىرلەش ماھارىتى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈلدى.

تۆتىنچى بۆلەكتە يەتتە دەرس بار بولۇپ، ئاساسەن ئىمتىھاندىكى ماقالە يېزىش سوئالىنىڭ يەتتە خىل تىپى (ئابزاس بېشىدا بېرىلگەن جۈملىگە قاراپ ماقالە يېزىش، تېزىسقا ئاساسەن ماقالە يېزىش، داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش، كېڭەيتىپ يېزىش، ئوقۇش تەسىراتى يېزىش، خەت ـ چەك يېزىش، رەسىمگە قاراپ ماقالە يېزىش ) تونۇشتۇرۇلدى. بۇ بۆلەكتە ھەر قايسى سوئال شەكىللىرىگە قويۇلىدىغان يېزىقچىلىق تەلىپى كۆرسىتىلدى، ئۈرنەك ماقالىلەرمۇ بېرىلدى ھەمدە بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى قانداق يېزىش توغرىسىدا كونكرېت كۆرسەتمە بېرىلدى.

بەشىنچى بۆلەكتە، ئالتە دەرس بار بولۇپ، ھەرخىل ژانىرلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان ماقالە تېمىلىرى كۆرسىتىلدى ۋە 32 پارچە ئۈرنەك ماقالە بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخس بايانى ماقالىسى ئۈچۈن تۆت پارچە، ۋەقەلىك بايانى ئۈچۈن ئون پارچە، ھالەت ۋە مەنزىرە بايانى ماقالىسى ئۈچۈن تۆت پارچە، چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ئۈچۈن تۆت پارچە، مۇھاكىمە ماقالىسى ئۈچۈن بەش پارچە، خەت ـ چەك ئۈچۈن بەش پارچە ماقالە بېرىلدى.

2. بۇ كىتابنى قانداق ئىشلىتىش توغرىسىدا

يازمىچە ئىپادىلەش قىسمى ئوبيېكتىپ تاللاش سوئاللىرى ۋە سۇبيېكتىپ ئىپادىلەش سوئاللىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

ئوبيېكتىپ تاللاش سوئاللىرىغا تەييارلىق قىلىشتا، ئالدى بىلەن سوئال شەكلى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ كىتابنىڭ 1 ـ دەرسىدە بېرىلگەن ئۆزىنى سىناش سوئاللىرىنى بىر قېتىم ئىشلەپ چىقىپ، ئاندىن كىتابتا بېرىلگەن ئۆلچەملىك جاۋابقا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىدىكى ئاجىزلىقنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. سوئال شەكلى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، مۇشۇ كىتابنىڭ 1 ـ بۆلىكىدىكى 2 ـ دەرستىن 6 ـ دەرسكىچە بولغان كۆرسەتمىلەرگە ئاساسەن، مۇشۇ قىسىمدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە زۆرۈر بولغان تىل بىلىملىرىنى تەكرارلاپ ئىگىلەش كېرەك. بۇ قىسىمنى تەكرار قىلغاندا، ئاڭلاپ چۈشىنىش ۋە ئوقۇپ چۈشىنىش قىسىملىرىغا بىرلەشتۈرۈپ تەكرار قىلسا بولىدۇ.

يېزىقچىلىق مەشقىگە كىرىشتىن بۇرۇن، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر خەنزۇ تىلىنىڭ تىنىش بەلگىلىرى ھەققىدىكى ئاساسىي بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. شۇڭا، بىرىنچى بۆلەك 7 ـ دەرستىكى تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دەرسكە قوشۇپ بېرىلگەن كۆنۈكمىلەرنى ئىشلەپ تۈگىتىش لازىم.كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان يېزىقچىلىق مەشقىدە، ھەممىلا جايغا پەشلا قويۇپ چىقىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن، ھەرخىل تىنىش بەلگىلىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى بىلىۋېلىش

كېرەك.

سۇبيېكتىپ ئىپادىلەش سوئاللىرىغا تەييارلىق قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئىمتىھاندا تەكشۈرۈش ئېھتىمالى بولغان تۆت خىل ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دائىم قوللىنىلىدىغان يېزىش ئۇسۇلى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش لازىم. ئىككىنچى بۆلەكنى ئۆگىنىش ۋە كۆپ مىقداردىكى ئۆرنەك ماقالىلارنى ئوقۇش ئارقىلىق، قانداق يېزىش توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى، دەرستە قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن ماقالە تېمىلىرى ۋە سۆزلەردىن پايدىلىنىپ دوراپ ماقالە يېزىشقا كىرىشكىلى بولىدۇ.

ئىمتىھان بەرگۈچىلەر دەسلەپكى قەدەمدىكى يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۈچىنچى بۆلەكتىكى ھەربىر خىل ژانىردا دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى ۋە ئابزاسلارنى قايتا - قايتا تەكرار قىلىپ، ئۇلارنى ھەرخىل تېمىدىكى ماقالە قىلىپ گۇرۇپپىلاپ، يېزىقچىلىق جەھەتتىكى ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

شۇلاردىن كېيىن ئىمتىھاننىڭ مانېۋىر باسقۇچىغا ئۆتكىلى بولىدۇ. تۆتىنچى بۆلەكتە ئىمتىھان سوئالى چىقىرىش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئاساسىي يېزىقچىلىق ئۇسۇلى ۋە دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى، ئابزاسلارنى ئىگىلەش ئاساسىدا، مەقسەتلىك ھالدا بەزى مانېۋىر مەشقلىرىنى ئىشلىسە، ئىمتىھانغا نىسبەتەن كۆڭلىدە سان بولۇپ قالىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدىكى بەشىنچى بۆلەكنىڭ ھەممىسى ئۆرنەك ماقالىلەر. ئىمتىھان بەرگۈچىلەر بۇ ماقالىلەرنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى يازغان ماقالىلەرنى تۈزەتسە بولىدۇ ھەمدە ئۆزى قىزىقىدىغان بەزى ئۆرنەك ماقالىلەرنى ياكى ئۆرنەك ماقالىلەرنىڭ بەزى ئابزاسلىرىنى يادلىۋالسا ، ئىمتىھاندا شۇ خىلدىكى سوئاللار چىقىپ قالسا،يادلىۋالغانلىرىنى ماقالىسىگە كىرگۈزسە بولىدۇ.

3. يازمىچە ئىپادىلەش قىسمىدا ئىمتىھانغا قانداق تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا

ئالدى بىلەن ئىمتىھان ئالدىدىكى تەييارلىق توغرىسىدا توختىلىمىز. بۇ باسقۇچتا ئوقۇش ، يېزىش، يادلاش —— ئۈچىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

ئوقۇش دېگىنىمىز، خەت سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، مەزمۇنى ئىمتىھانغا ئالاقىدار قىسقا ماقالىلەرنى كۆپرەك ئوقۇش ئارقىلىق، يېزىقچىلىق ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش، ئۆزىنىڭ تىل تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە قارىتىلىدۇ. بۇ جەرياندا، ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى قىسقارتىپ يېزىش، كېڭەيتىپ يېزىش مەشقلىرىنى ئىشلىسە بولىدۇ. يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزلۈكسىز ھالدا ئەسلى تېكىست بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئەسلى تېكىستنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

يېزىش دېگىنىمىز، كۆپرەك قەلەم تەۋرىتىشكە قارىتىلىدۇ. قەلەم تەۋرىتىشنىڭ شەكىللىرى كۆپ خىل بولىدۇ. مەسىلەن، دائىم خەنزۇچە كۈندىلىك خاتىرە يازسا بولىدۇ، كىتاب - ماقالە ئوقۇش خاتىرىسى يازسا بولىدۇ، ئانا تىلدا يازغانلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلسا بولىدۇ. ئاخىرقى كۈنلەردە ئىمتىھاندىكى سوئال تىپلىرىغا ئاساسەن، مەقسەتلىك ھالدا بەزى مەشقلەرنى ئىشلەپ باقسا بولىدۇ. ئادەتتە ھەربىر پارچە ماقالىنى ئەڭ ياخشىسى 30 مىنۇت بىلەن 45 مىنۇت ئىچىدە يېزىپ تۈگىتىش كېرەك. يېزىقچىلىق باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىدەك: (1) سوئالنى ئاڭقىرىش. بۇ ئىنتايىن مۇھىم. ماقالىگە نومۇر قويۇشتا ئويلىنىدىغان بىرىنچى ھالقا - ماقالىنىڭ تېمىغا ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقى. ئەگەر يازغان مەزمۇن ماقالە تېمىسىغا ئۇيغۇن كەلمىسە، ماقالە قانچە راۋان بولسىمۇ نۆل نومۇر قويۇلىدۇ. ماقالە تېمىسىنى ئاڭقىرىشقا تەخمىنەن ئىككى - ئۈچ مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. (2) تېزىس يېزىش. ماقالە تېمىسىنى ئاڭقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ماقالە تېمىسىدىكى مەزمۇنغا ئاساسەن تېزىس تەييارلاش لازىم. تېزىستا ئەڭ ئىخچام نەچچە ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى، پېئىل، سۈپەت قاتارلىقلار ئارقىلىق ھەربىر ئابزاس ياكى ھەربىر جۈملىنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى ئىپادىلىسىلا بولىدۇ. بۇنىڭغا تەخمىنەن بەش - ئالتە مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. (3) دەسلەپكى ئورىگىنال. تېزىس تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن يېزىشنى باشلاش كېرەك. بۇ - ماقالە يېزىشتىكى ئاساسىي ئەمگەك. تېزىس تۈزۈۋېلىپ يېزىشتىكى مەقسەت - ماقالە تېمىسىدىن چەتنەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش. ماقالە يازغاندا، سۆزلەرنىڭ ئۆز - ئارا ماسلىشىشىغا، جۈملە نۇسخىلىرى، جۈملە شەكىللىرىنى تاللاشقا دىققەت قىلىش لازىم. بۇنىڭغا تەخمىنەن 20 مىنۇتتىن 25 مىنۇتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ. (4) تۈزىتىش. دەسلەپكى ئورىگىنال پۈتكەن بولسىمۇ، يەنىلا نامۇۋاپىق جايلىرى بولىدۇ. شۇڭا ماقالىنى تۈزىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. تۈزىتىشتە خەتلەرنىڭ توغرا يېزىلغان - يېزىلمىغانلىقى، سۆزلەرنىڭ جايىدا ئىشلىتىلگەن - ئىشلىتىلمىگەنلىكى ۋە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ توغرا قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئوڭلاپ چىقىش لازىم. بۇنىڭغا تەخمىنەن ئىككى مىنۇتتىن بەش مىنۇتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ. يېزىقچىلىق مەشقلىرىنى ئىشلىگەندە، ئەڭ ياخشىسى ھەربىر پارچە ماقالىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، مۇئەللىم ياكى ئانا تىلى خەنزۇ تىلى بولغانلارغا كۆرسىتىپ تۈزەتكۈزگەندە، بۇنىڭدىن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

يادلاش دېگىنىمىز، ئۈرنەك ماقالىنى يادلاشقا قارىتىلىدۇ. ئەگەر ئۆزىگە خەنزۇچە ماقالە يېزىش ھەققەتەن قىيىن تۇيۇلسا، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۈرنەك ماقالىلەرنى كۆپرەك يادلىشى كېرەك، ئەمما ھەرگىز ئۆزى يازغان ماقالىنى يادلىماسلىقى كېرەك. يادلاشنىڭ رولى شۇكى، بىرى، ئۆزىنىڭ خەنزۇ تىلى تۇيغۇسىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ، يەنە بىرى، ئىمتىھاندا

يادلىغانلىرىدىن پايدىلىنالايدۇ.

تۆۋەندە ئىمتىھان ماھارىتى توغرىسىدا توختىلىمىز :

1. سۇبيېكتىپ ئىپادىلەش سوئالىنىڭ تەلىپى 350 خەتتىن ئارتۇق بولۇش. ئىمتىھان بەرگۈچىلەر بەك ئۇزۇن يازماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇزۇن بولغانسېرى خاتا كېتىدىغان جايلارمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ.

2. ھەربىر ئابزاستا باش تېمىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر جۈملىنى بېكىتىۋېلىپ، شۇ جۈملىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇنى كېڭەيتىش، شەرھلەش كېرەك. كونكرېت، ئىنچىكە ھالقىلاردىكى مەزمۇنلارنى كۆپرەك يېزىپ، ئاندىن كۆز قاراش شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

3. جۈملە نۇسخىلىرى ۋە جۈملە شەكىللىرى مەسىلىسى. ماقالە يازغاندا، جۈملە بىلەن جۈملە ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق باغلىنىشنىڭ ئىزچىللىقىغا دىققەت قىلغاندىن باشقا، جۈملە شەكىللىرىدىكى مۇۋاپىق ئۆزگىرىشلەرگىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك. ھەممە جۈملە قوشما جۈملە بولۇپ قالماسلىقى ياكى ھەممە جۈملە ئاددىي جۈملە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

4. سۆز ئىشلىتىش مەسىلىسى. بەزى ساۋاقداشلار قەلەمنى قولغا ئېلىپلا ناھايىتى پاساھەتلىك، مۇرەككەپ سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، ئەپلەشتۈرەلمەي قالسا سىجاپ ئۆچۈرىدۇ، ئۆچۈرۈپمۇ خاتاسىنى ئوڭشىيالمايدۇ. نەتىجىدە جاۋاب يازغان قەغەزنىڭ پاكىز، رەتلىك بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا سۆز ئىشلەتكەندە، ئۆزى ئىشەنچ قىلغان، بىلىدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتسە، ماقالە ئاددىيراق بولۇپ قالسىمۇ، نومۇرغا چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئىمتىھاندا قانائەتلىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لۇ دىيەنۋېن

# مۇندەرىجە


بىرىنچى بۆلەك   ئوبيېكتىپ تاللاش سوئاللىرى ..................(1)

1 ـ دەرس   ئۆز ـ ئۆزىنى سىناش سوئاللىرى ..................(1)

2 ـ دەرس   قوشما جۈملىلەردىكى باغلامچى سۆز ـ ئىبارىلەر ..................(9)

3 ـ دەرس   دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى ۋە تۇراقلىق ئەندىزىلەر (14)

4 ـ دەرس   جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ جۈملىدىكى توغرا ئورنى ..................(20)

5 ـ دەرس   دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزبىرىكمىلىرى، سۆز ئىبارىلەر ۋە ئادەت سۆزلىرى ..................(24)

6 ـ دەرس   تەكىتلەش ۋە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ..................(29)

7 ـ دەرس   تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ..................(33)

ئىككىنچى بۆلەك   ماقالە ژانىرلىرى ھەققىدە تەھلىل ..................(39)

8 ـ دەرس   بايانىي ماقالە ھەققىدە تەھلىل ..................(39)

9 ـ دەرس   چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ھەققىدە تەھلىل ..................(45)

10 ـ دەرس   مۇھاكىمە ماقالىسى ھەققىدە تەھلىل ..................(53)

11 ـ دەرس   خەت ـ چەكلەر ھەققىدە تەھلىل ..................(62)

ئۈچىنچى بۆلەك   ماقالە يېزىشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى ۋە ئابزاسلار ..................(69)

12 ـ دەرس   بايانىي ماقالىلەردە دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى ۋە ئابزاسلار ..................(69)

13 ـ دەرس   چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى ۋە ئابزاسلار ..................(77)

14 ـ دەرس   مۇھاكىمە ماقالىلىرىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى ۋە ئابزاسلار ..................(80)

15 ـ دەرس   خەت ـ چەكلەردە دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى ۋە ئابزاسلار ..................(85)


此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

16 ـ دەرس تەسۋىرلەش ماھارىتى ………………………………(89)

تۆتىنچى بۆلەك ماقالە ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئاساسىي ئېلېمېنتلىرى ………………(95)
17 ـ دەرس ئابزاس بېشىدا بېرىلگەن جۈملىگە قاراپ ماقالە يېزىش …………(95)
18 ـ دەرس بېرىلگەن تېزىسقا ئاساسەن ماقالە يېزىش ……………………(98)
19 ـ دەرس داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش ………………………………(100)
20 ـ دەرس كېڭەيتىپ يېزىش ………………………………(103)
21 ـ دەرس ئوقۇش تەسىراتى يېزىش ………………………………(104)
22 ـ دەرس خەت ـ چەك يېزىش ………………………………(106)
23 ـ دەرس رەسىمگە قاراپ ماقالە يېزىش ………………………………(108)

بەشىنچى بۆلەك دائىم چىقىرىلىدىغان ماقالە تېمىلىرى ۋە ئۈلگە ماقالىلار ………………………………(113)
24 ـ دەرس شەخس بايانى ماقالىسى ………………………………(113)
25 ـ دەرس ۋەقەلىك بايانى ماقالىسى ………………………………(115)
26 ـ دەرس ھالەت ۋە مەنزىرە بايانى ماقالىسى ……………………(120)
27 ـ دەرس چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ………………………………(122)
28 ـ دەرس مۇھاكىمە ماقالىسى ………………………………(125)
29 ـ دەرس خەت ـ چەك ………………………………(128)

بىر قىسىم كۆنۈكمىلەرنىڭ توغرا جاۋابى ………………………………(132)

# بىرىنچى بۆلەك  ئوبيېكتىپ تاللاش سوئاللىرى

تاللاش سوئاللىرى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، جەمئىي 15 سوئال بار، 10 مىنۇت ئىچىدە جاۋاب بېرىپ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

بىرىنچى قىسىمدا جەمئىي 10 سوئال بار بولۇپ، ھەربىر سوئالدا تاللاشقا بېرىلگەن A B C D تۆت خىل جاۋابتىن بىردىنبىر توغرا بولغان بىر جاۋابنى تاللاپ، جۈملىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، جۈملىنىڭ راۋان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇقىسىمدىكى سوئاللاردا ئومۇمەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ باغلىغۇچى سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتەلەش - ئىشلىتەلمەسلىكى، دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرىنى ۋە تۇراقلىق ئەندىزىلەرنى توغرا ئىشلىتەلەش - ئىشلىتەلمەسلىكى، ھەمدە خەنزۇ تىلىدىكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپلىرىنى ئىگىلىگەن - ئىگىلىمىگەنلىكى سىنىلىدۇ.

ئىككىنچى قىسىمدا جەمئىي 5 سوئال بار بولۇپ، ھەربىر جۈملىدە A B C D دىن ئىبارەت تۆت سۆز بېرىلىدۇ، بۇ تۆت سۆز ئىچىدىكى ئۈچ سۆزنى قىسقارتىۋەتسە، جۈملىنىڭ توغرىلىقىغا تەسىر يەتمەيدۇ، ئەمما ئىچىدىكى بىر سۆزنى قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ. سوئالدا قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدىغان ئاشۇ سۆزنى تېپىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ قىسىمدىكى سوئاللاردا، ئومۇمەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا بولغان سەزگۈرلۈكى ۋە بەزى تۇراقلىق ئەندىزىلەر، تۇراقلىق ماسلىشىشلارنى ئىگىلەش دەرىجىسى سىنىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار قايسى سۆزلەرنى قانداق ئەھۋاللاردا قىسقارتىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

## 1 - دەرس  ئۆز - ئۆزىنى سىناش سوئاللىرى

一、81～90题，在每题的语句中有一画横线处，题后有A B C D四个答案，其中只有一个可以放入横线处使语句表达通顺。请找出来并在答卷的字母上画一横道。

81.吃了药，她的病________没好________越来越重了。

A．不但 ……反而……　　B．又……又……

C．尽管……却……　　D．如果……就……

82．________春夏秋冬，那里的气候________非常好。

A．只要……就……　　B．无论……都……

C．既然……就……　　D．因为……所以……

83．________，缺课时间超过三分之一的同学不能参加考试。

A．被学校的规定　　B．让学校的规定
C．根据学校的规定　　D．从学校的规定

84.作为一个老师，________提高孩子们学习兴趣________，他想了不少办法。
A．在……方面……　　B．对……来说……
C．在……下……　　D．从……以来……

85.这个季节天气一会儿冷一会儿热，________________________。
A．就会感冒一不注意　　B．一不注意就会感冒
C．注意一不就会感冒　　D．一不感冒就会注意

86.你别以为这点儿错误不要紧，________________________。
A．事实上给我们它会带来很多问题　　B．事实上它带来很多问题会给我们
C.事实上它会给我们带来问题很多　　D．事实上它会给我们带来很多问题

87.遇到我们不理解的地方，他________________________。
A．耐心地总是讲了一遍又一遍　　B．总是讲了一遍耐心地又一遍
C．总是耐心地讲了一遍又一遍　　D．耐心地讲了一遍又一遍总是

88.他今年才30岁，已经是副院长了，________________________。
A．没有认识他的人，不说他聪明能干的　　B．认识他的人，没有不说他聪明能干的
C．不说他聪明能干的，没有认识他的人　　D．说他的聪明能干，没有不认识他的人

89.竹子可以盖房子，也可以做工艺品，__________________。
A．竹子做的桌子椅子就不用更说了　　B．就竹子做的桌子椅子更不用说了
C．更不说了就用竹子做的桌子椅子　　D．竹子做的桌子椅子就更不用说了

90.________________________告诉孟姜女，万喜良已经死了。
A．有一个和万喜良一起被抓的年轻人　　B．和万喜良一起被抓的有一个年轻人
C．被抓的年轻人有一个一起和万喜良　　D．有一个一起被抓和万喜良的年轻人

二、91～95题，在这一部分里，每题的语句中有A B C D四个带下划线的词语，去掉其中某一个词语会使句子变成病句。请找出这个不能删去的词语，然后在答卷的字母上画一横道。

91.这份<u>新</u>计划<u>还</u>需要跟全班同学<u>再</u>商量商量<u>才</u>能决定。
A　B　C　D

92.连医生都说没希望了，没想到他还是活下来了。
A　B　C　D

93.您怎么不在作品上标上自己的名字呢？这可是能获大奖的作品啊。
A　B　C　D

94.天然彩色棉花的主要特点是不再需要人工染色，从而有利于环境保护。
A　B　C　D

95.我去买些晚会上要用的彩纸，你把桌上的脏东西收拾收拾。
A　B　C　D

## تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش ۋە سوئالغا جاۋاب بېرىش ماھارىتى ھەققىدە تەھلىل

**I. 81 سوئالدىن 90 سوئالغىچە**

باغلامچى سۆز- ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ.

81 : بۇ جۈملىدىكى "病没好" بىلەن "越来越重了" كۈچەيتمە مۇناسىۋەتتە كەلگەن بولۇپ، ئۇلارغا كۈچەيتمە مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان "不但……反而……" دېگەن باغلامچى سۆز- ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. "又……又……" تەڭداش مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ، "尽管……却……" قارشىلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ، "如果……就……" شەرت مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا بۇ ئۈچ باغلامچى سۆز- ئىبارىنىڭ ھەرقاندىقى جۈملىگە كىرگۈزۈلسە مۇۋاپىق بولمايدۇ. شۇڭا بىردىن بىر توغرا جاۋاب A بولىدۇ.

82: بۇ جۈملىدە "春夏秋冬" تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ كەينىگە "都" دېگەن سۆزنى قوشۇش كېرەك. بىز چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قالغان جاۋابلارنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك: "只要……就……" شەرت مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ، "既然……就……" ئۇلانما مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ، "因为……所以……" سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا، بىردىن بىر توغرا جاۋاب B بولىدۇ.

بۇ قىسمىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە، باغلامچى سۆز- ئىبارىلەرنىڭ سەككىز چوڭ تۈرىنى پىششىق ئىگىلەش كېرەك (ئىككىنچى دەرسكە قاراڭ). ئىمتىھان سوئالىدا بېرىلگەن تۆت جاۋاب ئادەتتە ئوخشاشمىغان مۇناسىۋەتلەرگە قارىتىلغان، سوئالدا بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ، جۈملىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالسىلا، توغرا جاۋابنى تاپقىلى بولىدۇ. توغرا جاۋاب تاللاشقا ياردىمى بولىدىغان يەنە بىر ئۇسۇل : بەزى باغلامچى سۆز- ئىبارىلەر چوقۇم ئىگىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇشى كېرەك، بەزى سۆز- ئىبارىلەر بولسا ئىگىنىڭ كەينىگە قويۇلۇشى كېرەك، مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپمۇ خاتا جاۋابنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن :

بۇ جۈملىگە بېرىلگەن جاۋاب تۆت: ______失败了很多次，______他一点儿也不失望。

A 如果……就……، B 即使……也……، C 虽然……但是……، D 因为……所以…

بۇ تۆت جاۋابتىن A دىكى "就" بىلەن B دىكى "也" ئىگىسىنىڭ ئالدىدا كېلەلمەيدۇ، شۇڭا A بىلەن B جاۋابنى چىقىرىۋېتىشكە بولىدۇ. دېمەك توغرا جاۋاب C بولىدۇ . …

<u>دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى ۋە تۇراقلىق ئەندىزىلەردىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ.</u>

83: بۇ سوئالدا تۇراقلىق ئەندىزە "根据……的规定" دىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. ئالدى قوشۇلغۇچى "从" "让" "被" لارنىڭ ھېچقايسىسى "规定" بىلەن ماسلىشىپ كېلەلمەيدۇ، شۇڭا توغرا جاۋاب C بولىدۇ.

84: بۇ سوئالدا ئالدى قوشۇلغۇچىلىق قۇرۇلمىدىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. جۈملىدىكى "他想了不少办法" دەل "提高孩子们学习兴趣的办法" دېگەنگە قارىتىلغان، شۇڭا ئەڭ مۇۋاپىق بولغان جاۋاب A بولىدۇ.

بۇ قىسىمدىكى سوئاللارنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلاردىن بىر بۆلۈم دائىم ئىشلىتىلىدىغان جۈملە نۇسخىلىرى ۋە تۇراقلىق ئەندىزىلەرنى يادلىۋېلىش ، مۇناسىۋەتلىك مىساللارنى كۆپرەك كۆرۈش، كۆپرەك ئەستە قالدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . سوئاللارنىڭ ئىچىدە ئالدى قوشۇلغۇچىلىق قۇرۇلمىلار كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، سوئاللارنى ئىشلىگەندە جۈملىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ، بېرىلگەن جاۋابتىكى سۆزنى جۈملىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ نەچچە قېتىم ئوقۇپ بېقىپ، مەنە جەھەتتىن ئەڭ باب كېلىدىغان، ئەڭ راۋان بولغان بىرجۈملىنى تېپىش كېرەك.

<u>ھەرخىل جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ جۈملىدىكى مۇۋاپىق ئورنى ۋە سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ماسلىشىشى، ھەمدە سۆزلەرنىڭ بىر - بىرىنى ئېنىقلىشىغا دائىر بىلىملەردىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ.</u>

85: بۇ جۈملىدە شەرت مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان "一……就……" بار، شۇڭا A جاۋاب بىلەن C جاۋابنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاتا. D دىن ئىبارەت بۇ جۈملىدىن بولسا ھېچقانداق مەنە چىقمايدۇ، شۇڭا بىردىنبىر توغرا جاۋاب B بولىدۇ.

86: ئالدى قوشۇلغۇچىلىق قۇرۇلما "给我们" ھالەت بولۇپ كەلگەندە، بۇقۇرۇلما جۈملىنىڭ ئىگىسى "它" بىلەن ئىمكان - ئىستەك پېئىلى "会" نىڭ كەينىگە قويۇلۇشى لازىم، شۇڭا A جاۋاب بىلەن B جاۋابنىڭ ھەرئىككىسى توغرائەمەس. C جاۋابتىكى ئىسىم "问题" نى ئېنىقلاپ كەلگەن ئېنىقلىغۇچى "很多" دېگەن سۆز "问题" نىڭ كەينىگە قويۇلۇپ قالغان، شۇڭا ئۇمۇ توغرا ئەمەس. توغراجاۋاب D بولىدۇ.

87: بۇ جۈملىدە ئىككى ھالەت بار : ۋاقىت رەۋىشى "总是" سۈپەتتىن بولغان ھالەت "耐心地" نىڭ ئالدىغا قويۇلۇشى لازىم ئىدى، شۇڭا A جاۋاببىلەن D جاۋاب خاتا. "一遍又一遍" بولسا بىر تۇراقلىق قۇرۇلما، ئۇنىڭئارىسىغا باشقا سۆزلەرنى قىستۇرغىلى بولمايدۇ، شۇڭا B جاۋابمۇ خاتا. توغراجاۋاب C بولىدۇ.

88: بۇ جۈملىدە بىر ئالاھىدە بولغان جۈملە ئۇسخىسى "没有不……的，……的……" بار. بۇ ئۇقتىنى چۈشىنىۋالغاندا مەسىلىنى ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدۇ. پەقەت B ۋە D جاۋابتىلا "没有不" دېگەن سۆز بار. ئەمدى بۇ ئىككى جۈملىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى روشەنكى، B نىڭ قۇرۇلمىسى جۈملە ئۇسخىسىغا مۇۋاپىق، مەنىسىمۇ ناھايىتى راۋان. شۇڭا توغرا جاۋاب B بولىدۇ.

89: خەنزۇ تىلىدا "不用更说" دېگەن شەكىل يوق. شۇڭا، A توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، "……就更不用说了" دېيىش خەنزۇ تىلىدا دائىم قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى. شۇڭا توغرا جاۋاب D بولىدۇ.

90 : خەنزۇ تىلىدا "有一个" دېگەن قۇرۇلما دائىم جۈملىنىڭ ئەڭ بېشىدا كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك، "和……一起" مۇ بىر خىل تۇراقلىق قۇرۇلما. شۇڭا توغرا جاۋاب A بولىدۇ.

بۇ قىسىمدىكى سوئاللارنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىدىكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ دائىم كۆرۈلىدىغان تەرتىپىنى ئىگىلەش لازىم ( تۆتىنچى دەرسكە قاراڭ ). بۇ كۆپ خىل ھالەتلەرنىڭ توغرا ئورنى، كۆپ خىل ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ توغرا ئورنى ۋە شۇنىڭدەك بەزى ئالاھىدە جۈملە ئۇسخىلىرى ھەمدە تۇراقلىق قۇرۇلمىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: "没有不……的" "一……就……" قاتارلىقلار. ئەگەر سىز جۈملىلەردە مۇشۇنداق قۇرۇلمىلارنى بايقىيالىسىڭىز، توغرا جاۋابلارنى ئاسانلا تاپالايسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، سوئاللارغا توغرا جاۋاب تاللاشتا ياردىمى بولىدىغان، شاللاپ چىقىرىۋېتىش دېيىدىغان يەنە بىر ئاددىي ئۇسۇلمۇ بار. جاۋاب بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئىچىدە،خاتا ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن بولغان جۈملە بار بولسا، ئۇنى خاتا دەپ چىقىرىۋېتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن 86: سوئالنىڭ C جاۋابىدا "带来问题很多" دېگەندەك خاتا بولغان جۈملە تەرتىپى كۆرۈلگەن. ناھايىتى روشەنكى، ئەسلىدە "很多" دېگەن سۆز تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن "问题" نىڭ ئالدىدا كېلىپ ئۇنى ئېنىقلىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنىڭغا قاراپلا C جاۋابنى خاتا دەپ چىقىرىۋېتىشكە بولىدۇ.

**Ⅱ. 91 سوئالدىن ـ 95 سوئالغىچە**

91 : ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇغاندىن كېيىن، تۆت خىل جاۋاب ئىچىدىن پەقەت D نى چىقىرىۋەتكەندىلا، جۈملە خاتا جۈملىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، D جاۋاب توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى چەكلىمە خاراكتېرلىك سۈپەت "新" ۋە پېئىلنىڭ ئالدىدا كەلگەن رەۋىش "还" ۋە "再" لەرنىڭ ھەممىسىنى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ. لېكىن "才" بولسا جۈملىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇنى قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

92: B جاۋاب توغرا. سوئالدا "连……都……" دېگەن بىر تۇراقلىق قۇرۇلما بار. بۇ قۇرۇلمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، جۈملىدە "连" نى قىسقارتىشقا بولىدۇ، بىراق "都" نى قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

93: سوراق ئۈلانمىسى "呢"، تەكىتنى بىلدۈرىدىغان "可" ۋە چەكلىمە خاراكتېرلىك سۈپەت "大"



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com